# رادىكال جامائەتلەر: ئومۇمىي مۇقەددىمە

ئىسلام ساپ ئەقىدە ۋە ھۆرمەتلىك ئىنسان ۋۇجۇدىغا مۇناسىۋەتلىك بۈيۈك ئارمانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھاياتنى بارلىق ئېغىرچىلىقلىرى بىلەن داۋاملاشتۇرۇش دىنىدۇر. ئۇ مۆتىدىللىك دىنىدۇر، ماددا بىلەن روھ، غايىۋىيلىك بىلەن رېئاللىق، غايە بىلەن ۋاسىتىلەر ھەقىقىي رەۋىشتە يۇغۇرۇلغان دىندۇر. رادىكاللىق، قېيىنلاشتۇرۇشتىن خالىي، ئېتىكىدە تۇترۇقسىزلىق بولمىغان بىر مۇۋازىنەت دىنىدۇر. ئىسلام دىنى باشقا دىنلارنىڭ ئارىسىدىكى مۆتىدىل دىن بولغىنىدەك، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ئۇممەتنىڭ پىرقىلىرى ئارىسىدىكى مۆتىدىل پىرقىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ دىنى رادىكاللىق بىلەن پەرۋاسىزلىقنىڭ ئارىسىدىكى ئوتتۇراھال دىن بولۇپ، مەيلى مېتود، مەنبە، ئېتىقاد، ئەخلاق، يۈرۈش - تۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا بولسۇن، دىنىنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا ئەھلى سۈننەتنىڭ مۆتىدىللىكى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئەھلى سۈننەت ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان بۇ خىل مۆتىدىللىك ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۆگىنىش، چۈشىنىشكە بولغان كۆڭۈل بۆلۈش، باشقىلارغا بولسا، ئىنساپ ۋە ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن.

رادىكاللىق ۋە بەلگىلىمىدىن ھالقىپ كېتىش يېقىن ۋە قەدىمقى زاماندىكى قىبلە ئەھلىنىڭ بەزى تائىپىلىرىدە يۈز بەرگەن بىر قاتار ئېغىشلارنىڭ بىر قاتار كۆرۈنۈشلىرىدىن ئىبارەت. بۇ خىل رادىكاللىقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا بىر قانچە خىل سەۋەب بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى:

1 - ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى بىلمەسلىك. شەكلىك نەرسىلەرگە ئەگىشىش، شەرىئەتنىڭ نەسلىرىنى خاتا چۈشىنىش.

2 - ئۇممەتنىڭ سەلەپلىرىگە تىل ئۇزۇتۇش، ئۇلارنىڭ چۈشەنچە ۋە فىقھىلىرىنى رەت قىلىش.

3 - يەنە بىر تەرەپتىن چەكتىن ئاشۇرىۋېتىش بىلەن تۇترۇقسىزلىقنىڭ ئۆچىرىششى .

رادىكاللىق ۋە رادىكالچىلارنىڭ مەيدانغا كىلىشىنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئىنتايىن سەلبىي تەسىرى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئېنسىكلوپېدىيە مۇسۇلمان ياشلارنىڭ رادىكاللىق ۋە پەرۋاسىزلىقتىن خالىي، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئاساسىدا ئوتتۇراھال يولنى تاللاپ مېڭىشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم رادىكال جامائەتلەر ھەققىدە خەۋەر بېرىپ ئۆتىشكە ئېھتىياج تۇغۇلدى.

www.munber.org